دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا خالىغانچە بوھتان چاپلىغانلىقىنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن

□ ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئىلھام ئوسمان

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، بۇرمىلاپ، ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرى ۋە شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا خالىغانچە بوھتان چاپلاپ ۋە ئاساسسىز ئەيىبلەپ، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمى ۋە «كىشىلىك ھوقۇق» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشتەك رەزىل غەرىزىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاز سانلىق مىللەت كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلىدى، شىنجاڭ قاقاسلىقتىن ئاۋاتلىششقا، نامراتلىقتىن بېيىشقا، بېكىنمىلىكتىن ئېچىۋېتىشكە، قالاقلىقتىن ئىلغارلىققا قاراپ مېڭىپ، پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككۈدەك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈردى.

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىش رەزىل مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىدېئولوگىيەنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، «مىللەت» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «دىن» تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ئەسەبىي ئىدىيەنى تارقىتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلىپ، بىگۇناھ ئاممىنى قالايمىقان ئۆلتۈرۈپ، چېكىدىن ئاشقان جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى.

تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ رېئال تەھدىتى ئالدىدا، شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن بويىچە تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ماھىيەتتىنمۇ، ھادىسىدىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن تەربىيەلەپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ باشقا مىللەت ئاممىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىدىغان تىل قورالىنى ئىگىلىشىگە، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، قانۇنلۇق دىن بىلەن تېررورىزم، ئەسەبىزمنى توغرا پەرقلەندۈرۈپ، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، تېررورلۇق پائالىيىتىنىڭ كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈردى، شىنجاڭنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرەشىدە مۇھىم باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭدا كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى ھەممىگە ئايان بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى قانات يايدۇرۇشنى پايدىلىق تەجرىبە بىلەن تەمىنلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلار، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ۋە چېگرا سىرتىدىكى تاراتقۇلار، دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىق 91 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 70 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك - گۇرۇپپا، 1000دىن ئارتۇق ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى. نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلىش، زىيارەتتە بولۇش ئارقىلىق، نۇرغۇن ئادەم شىنجاڭدا تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى، زۆرۈرلۈكى، قانۇنلۇقلۇقى، مۇۋاپىقلىقىنى چۈشەندى. ئۇلار بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بولۇپ، كىشىنى غەزەپلەندۈرىدۇ، تەلىم - تەربىيە خىزمىتى تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىغان ئاشۇ تەربىيەلەنگۈچىلەرنى قۇتقۇزۇۋالدى، شىنجاڭدىكى تەلىم - تەربىيە خىزمىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى، ناھايىتى ئۆرنەك قىلىش قىممىتىگە ئىگە.

ھالبۇكى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربتىكى بىر قىسىم تاراتقۇلار ئىدېئولوگىيەدىكى بىر تەرەپلىمە قارىشىنى چىقىش قىلىپ، باشتىن - ئاخىر «رەڭلىك كۆزەينەك» تاقىۋېلىپ جۇڭگوغا، شىنجاڭغا نەزەر سالدى، ئۇلار شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە ھە دەپ ھۇجۇم قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، جان - جەھلى بىلەن ئاتالمىش شىنجاڭ مەسىلىسىنى پەيدا قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئىشلارنى يامان غەرەزدە كۆپتۈرۈپ، جۇڭگوغا خالىغانچە قارا چاپلىدى. بۇ قېتىم ئامېرىكىنىڭ يەنە ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقى تېررورلۇقنى قوللىغانلىق، يامانغا يانتاياق بولغانلىق، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نەتىجىسىنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە يوققا چىقارغانلىق، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق! بۇ ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش، ھەتتا جۇڭگونى پارچىلاش، مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل ئەپت - بەشىرىسى ۋە قەبىھ غەرىزىنى ئاشكارىلىدى!

تېررورىزم ۋە ئەسەبىزم تەھدىتى يەر شارىۋى مەسىلە، كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى. ھاياتلىق بىخەتەرلىكى ئەڭ تۈپ كىشىلىك ھوقۇق، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلغاندىلا ئاندىن كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، تېررورلۇققا قارشى تۇرمىغاندا، كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيا مىقياسىدا يۈزبەرگەن كۆپلىگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى دېلو(ۋەقە)لىرىدا، نەچچە مىليون ئاددىي پۇقرا ھاياتىدىن ئايرىلدى ياكى سەرسان - سەرگەردان بولدى، نەچچە مىڭ يىل داۋاملاشقان مەدەنىي مىراسلار ۋەيران بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەنە كىشىلىك ھوقۇقتىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ ؟!

شىنجاڭدا ياشاۋاتقان، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر قاتار يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قاتتىق زەربە بېرىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈپ، ياخشىلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاق - ئىناق، دىنلار ئىناق، رايىش بولغان، ئىقتىساد يۇقىرى سۈپەتتە راۋاجلانغان، خەلق تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلانغان، تۈرلۈك ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىگەن، ھەر مىللەت ئامما خاتىرجەم ياشايدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ياراتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ھازىر شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈزبەرمىدى، جىنايى ئىشلار دېلولىرى، ئامانلىق دېلولىرى، بىخەتەرلىككە خەۋپ يەتكۈزۈش دېلولىرى، ئاممىۋى بىخەتەرلىك ۋەقەلىرى زور دەرىجىدە ئازايدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك ئىشەنچىسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. مۇقىملىق پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدە شىددەتلىك ئېشىش بارلىققا كەلدى، بۇ يىل 10 - ئايغىچە، شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، ساياھەتتە 341 مىليارد 721 مىليون يۈەن كىرىم قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم %42.62 ۋە %43.39 ئېشىپ، نەچچە مىليون كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كىرىمنىڭ ئېشىشى ۋە تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ھازىر، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ غەمخورلۇقى، ياردىمىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشماقتا، مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

---

# ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا قوش ئۆلچەم يۈرگۈزۈپ، ئىنسانپەرۋەرلىككە يات ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقاردى

(بېشى 6 - بەتتە)

ئافغانىستان رايونىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ 18 يىلدىن ئۇزاقراق داۋاملىشىشىغا سەۋەبچى بولدى. يىلمۇيىل داۋاملاشقان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئافغانىستان خەلقىنى كۈن كەچۈرەلمەس قىلىپ قويدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى %54.1 ئائىلە نامراتلىق سىزىقىدىن تۆۋەن تۇرۇۋاتىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 - يىلى جەمئىي 4000غا يېقىن ئافغانىستان پۇقراسى تۈرلۈك توقۇنۇشتا ھاياتىدىن ئايرىلىپ، 2009 - يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى ياراتقان، تەخمىنەن %24 تالاپەتكە ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا باشقا دۆلەت قوشۇنلىرىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمى سەۋەب بولغان. 2018 - يىلى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئافغانىستاندىكى ھاۋا ھۇجۇمى 6800 قېتىمدىن ئېشىپ، ئۆتكەن ئالتە يىلدىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى ياراتقان. بۇ يىلدىن بۇيان، ئافغانىستان ۋەزىيىتى ئۈزلۈكسىز يامانلاشتى، ئافغانىستان پۇقرالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تىنچلىق يەنىلا ئۇزاق كەلگۈسىدىكى ئىش. 2003 - يىلى ئامېرىكا ئىراق كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنى يوشۇردى ھەم تېررورچى ئۇنسۇرلارنى ئاستىرتىن قوللىدى دېگەن باھانە بىلەن، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىراققا ھەربىي زەربە بەردى. ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامى بىلەن ئافغانىستان ئۇرۇشى ۋە ئىراق ئۇرۇشىنى قوزغاپ، كۆرمىڭلىغان بىگۇناھ پۇقرانىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشىغا، نەچچە مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ سەرسان - سەرگەردان بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. ئامېرىكا براۋۇن داشۆسىنىڭ تەتقىقاتچىسى: 2001 - يىلى «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى» باشلانغاندىن بۇيان، ئامېرىكا ئارمىيەسى جەمئىي 480 مىڭ كىشىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 244 مىڭ كىشى «تىنچ ئاھالە» دەپ كۆرسەتتى.

يېڭى تېررورلۇق كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلتۈردى. ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ساھەسىدە قوش ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامى بىلەن قاتتىق ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئامېرىكىغا بويسۇنمىغان ھاكىمىيەتلەرگە كۈچلۈك زەربە بەردى؛ بىر تەرەپتىن يول قويۇپ قانات ئاستىغا ئېلىپ، بەزى دۆلەتلەردىكى تېررورىزم تۈسىنى ئالغان ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەرنى ئاستىرتىن قوللىدى. ئۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان شەكىللەنگەن رايون تەڭپۇڭلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قىيىن بولدى، ئەمما ئالاقىدار قوراللىق ئۇنسۇرلار بىر ئۆرۈلۈپلا تېررورلۇق ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي نىشانىنى قوغلىشىپ، تېررورلۇق تەشكىلاتىغا ئايلاندى. «11 - سېنتەبىر»دىن كېيىن، بېن لادىن باشچىلىقىدىكى «بازا» تەشكىلاتى ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى دۈشمىنى بولۇپ قالدى، «بازا»نىڭ ۋەزىيەت شەكىللەندۈرەلىشى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بەزى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇنىڭغا يول قويۇشى ۋە ئۇنى يۆلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرىيە ئىچكى ئۇرۇشىدا تېز ئۆسۈپ زورايغان ISIS ئەسەبىي تەشكىلاتى بولدى، ئۇنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە يول قويغىنى يەنە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىراق ئۇرۇشىنى قوزغىغان ئامېرىكا بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرق سىياسىتى مەنپىي ئۈنۈم ئېففېكتىنىڭ توپلانغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى»دە شەھەرلەرنى قالايمىقان بومباردىمان قىلىش ھەمدە بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش قاتارلىق خەلقئارا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش قىلمىشىنىڭ ھەممىسى تېررورچى ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن يېڭى ئەزالارنى جەلپ قىلىشنىڭ باھانىسى قىلىنىپ، ئارقا - ئارقىدىن زوراۋانلىق پەيدا قىلدى. تېررورلۇق كۈچلىرىگە يول قويۇش يەنە مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئاپەت پەيدا قىلىدۇ. تارىخ ھامان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، قانلىق پاكىتلار كىشىلەرنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇكى، تېررورىزم ئىنسانلارنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ئۇ دۇنياغا ۋە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، شۇڭا جەزمەن «قوش ئۆلچەم»نى چۆرۈپ تاشلاپ، قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. تېررورچى ئۇنسۇرلارغا «قوش ئۆلچەم» قوللىنىش مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەيدۇ، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتكە غايەت زور خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ.

**(2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

(بېشى 8 - بەتتە)

ھازىر سىرتقا چىققاندا قۇلۇپ سالمىساقمۇ خاتىرجەم بولىمىز، زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇق، كۆپچىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ ناھايىتى بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق، ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا تېخىمۇ ئىگە بولدۇق، بىز ھەرمىللەت ئامما پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ تەدبىرلىرىنى چىن دىلىمىزدىن قوللايمىز. كىشىلىك ھوقۇق دېگەن نېمە؟ مېنىڭچە مانا بۇ ھەقىقىي كىشىلىك ھوقۇق!

پارتىيە ۋە دۆلەت پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلدى. دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ھەقىقىي تەسراتقا ئىگە بولدۇم. مەسچىتنىڭ «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككىنى بولۇش، توققۇزنى سەپلەش» قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىپ، مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. بۈگۈنكى كۈندە مەسچىتكە سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا، تەرەت ئېلىش ئۆيى قۇرۇلدى، قىشتا پار بار، يازدا ھاۋا تەڭشىگۈچ بار، ئىچىدىغان سۇ ئۈسكۈنىسى قاتارلىق مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى سەپلەندى، مۇھىتى ئىنتايىن راھەت. ھەممىگە ئايان بولغان بۇ پاكىتلارغا ئامېرىكىدىكى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاشۇ سىياسەتۋازلار كۆزۈڭلارنى ئېچىپ ئەستايىدىل قاراپ بېقىڭلار، ئەمدى قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىمەڭلار، بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىۋالماڭلار!

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى، بىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمىزگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ. ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلار ئەمدى قالايمىقان جۆيلۈمەڭلار، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىگە بىز شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۆزىمىزنىڭ دېگىنى ھېساب!

---

(بېشى 8 - بەتتە)

ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلدى، تېببىي داۋالاش دورىلىرى سەپلىنىپ، دىنىي پائالىيەت شارائىتى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ھەر مىللەت دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئازادە، يورۇق، مۇھىتى گۈزەل مەسچىتتە نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

مەن تونۇيدىغان كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەردە ئۆزگىرىش ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، قانۇن ئېڭى، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى سەۋىيەسىنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى زور يۈكسىلىش بوپتۇ، بەلگىلىك كەسپىي ماھارەت ئىگىلەپتۇ ھەم خىزمەت تېپىپتۇ. ئۇلار دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، بەخت كۆرسەتكۈچى بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ. بۇلارنى سىلەر بىلەمسىلەر؟ ئامېرىكىدىكى يالغان سۆزلەۋاتقان بەزى سىياسەتۋازلار سىلەر بىزنىڭ گۈزەل شىنجاڭغا، گۈزەل قومۇلغا كېلىپ باققانمۇ؟ سىلەر شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى باھانە قىلىپ، رەزىل مەقسىتىڭلارغا يەتمەكچى. دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، سىلەرنى رەزىل ئويۇنۇڭلارنى دەرھال توختىتىپ، يەنە تارىخ تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلانغان، كىشىلەر تەرىپىدىن چۆرۈپ تاشلانغان چۆپرەندىلەردىن بولماسلىققا دەۋەت قىلىمەن.